# 36852 - قەرزدارنىڭ ھەج قىلىشى توغرىسىدا

## سوئال

مەن تىجارەت بانكىسىدىن يىللىق قەرەللىك تۆلەش مۇددىتى بىلەن ئىككى يۈز ئەللىك بىرمىڭ توققۇز يۈز (251900) رىيال قەرز ئالدىم. مەن مۇشۇ قەرز ئالغان پۇل بىلەن ھەج قىلسام توغرا بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەجنىڭ ۋاجىپ بولۇش شەرتلىرىنىڭ بىرى: ھەج قىلىشقا قادىر بولغان بولۇش. (يەنى ھەج قىلىش جەريانىدا كېتىدىغان بارلىق خىراجەت، ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگۈچە ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادىنىڭ بولۇشى ۋە قەرزدار بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ).

سىز ھەج قىلغان ۋاقىتتىمۇ بانكىنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغان ھەققىنى ئۆتەشكە قۇدرىتىڭىز يەتسە مەزكۇر قەرز پۇل بىلەن ھەج قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەمما سىز ئۈچۈن بانكىغا قەرز تۆلەش بىلەن ھەجنىڭ چىقىملىرىنىتەڭ ئۆتەشكە قادىر بولالمىسىڭىز، ئالدى بىلەن بانكىنىڭ قەرزىنى تۆلەيسىز،ھەجنى شارائىتىڭىز يېتىلگۈنچە قەدەر كېچىكتۈرسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:﴿ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًاۚ﴾تەرجىمىسى:«قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.» [ئال- ئىمران سۈرىسى 97-ئايەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىزنى ياخشىلىققا يېتەكلىسۇن.